ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى



# بۇقا موزايلاپتۇ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

# بۇقا موزايلاپتۇ

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间故事. 10/《维吾尔民间文学大典》编委会编. – 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978 – 7 – 228 – 09859-0

Ⅰ.维... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 – 民间故事 – 作品集 – 中国 – 维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第010415号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布勒孜.阿巴斯 等

**维吾尔民间故事 — 10** (维吾尔文)

《维吾尔民间文学大典》编委会 编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路 348 号 邮编： 830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230 毫米 32 开本 11.25 印张 2 插页
2006年 2月第1版　2007年3月第2次印刷
印数：4,001–7,000

ISBN 978-7-228-09859-0　定价：17.00元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## بۇقا موزايلاپتۇ

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 32/1
باسما تاۋىقى: 11.25 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 4,001−7,000
ISBN 978-7-228-09859-0
باھاسى: 17.00 يۈەن



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر
# 30 كىتاب نەشردىن چىقتى

## ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى
(2 كىتاب)

1. كۆك ياللىق بۆرە 19.00 يۈەن
2. كۆك گۈمبەز 19.00 يۈەن

## ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى
(10 كىتاب)

1. بۇلبۇلگويا 17.00 يۈەن
2. يېرىل تېشىم، يېرىل 17.00 يۈەن
3. قىلىچ باتۇر 18.00 يۈەن
4. ئەجدىھا يىگىت 17.00 يۈەن
5. كۈھىقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى 18.00 يۈەن
6. مېھرى نىقاب 17.00 يۈەن
7. ھۆۋەي باتۇر 17.00 يۈەن
8. دانىشمەن دىۋانە ۋە ئادىل پادىشاھ 17.00 يۈەن
9. مەلىكە بەرنا 17.00 يۈەن
10. بۇقا موزايلاپتۇ 17.00 يۈەن

## ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى
(5 كىتاب)

1. ئەمىرگۆر ئوغلى 17.00 يۈەن
2. نۇزۇگۇم 17.00 يۈەن
3. يۇسۇپ ـ زىلەيخا 18.00 يۈەن

4. تاھىر ـ زۆھرە 18.00 يۈەن
5. كاككۇك بىلەن زەينەپ 19.00 يۈەن

## ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى
(5 كىتاب)

1. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ① 15.00 يۈەن
2. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ② 12.50 يۈەن
3. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ③ 16.50 يۈەن
4. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ④ 16.50 يۈەن
5. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ⑤ 15.00 يۈەن

## ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى
(2 كىتاب)

1. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ① 19.00 يۈەن
2. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ② 20.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى** 8.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى** 21.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى** 4.50 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى:** ھېسام چاقچاقلىرى 15.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى** 13.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى** 5.00 يۈەن

**(بۇ بىر يۈرۈش 30 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 480 يۈەن)**

# مۇندەرىجە


خەلق لەتىپىلىرى ............................ 1

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ..................... 45

موللا زەيدىن لەتىپىلىرى ....................... 230

سەلەي چاققان لەتىپىلىرى ........................ 256

موللا مەتيار خەلپىتىم لەتىپىلىرى .............. 296

شېرىن دورغا لەتىپىلىرى ........................ 302

روزى قارىم لەتىپىلىرى ........................... 319

ئۇستا رازى لەتىپىلىرى .......................... 328

قاسىم قىزىق لەتىپىلىرى ......................... 335

ئىشقىيار لەتىپىلىرى ........................... 374

ئىسكەندەر ھەققۇلى لەتىپىلىرى .................. 419

# خەلق لەتىپىلىرى

## سىزنىڭ ئەمرىڭىزنى يازدىم

پادىشاھ بىر كۈنى ئوردا تارىخچىسىغا:

— يېزىۋاتقان ئەسىرىڭگە مېنىڭ ھەققىمدە ھېچ نەرسە يازما، — دەپ ئەمر قىلىپتۇ. تارىخچى شۇ ھامانلا قەلىمىنى ئېلىپ يېزىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ ئەجەبلىنىپتۇ:

— نېمە يېزىۋاتىسەن؟

تارىخچى دەپتۇ:

— پادىشاھئالەم، سىزنىڭ ھازىرقى ئەمرىڭىزنى يېزىۋاتىمەن.

## ئۆزۈمنى ئالدىراڭغۇ دېسەم...

تولىمۇ ئەزمە بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ ھەرقانچە جىددىي گەپنىمۇ يەتتە ئايلاندۇرۇپ قىلىدىكەن. بىر كۈنى قوشنىسى ئۇنىڭكىگە پاراڭلاشقىلى كىرىپ، ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشى كۆيۈشكە باشلاپتۇ، بىراق ئۆزى بايقىماپتۇ، ئەزمە بولسا بۇنى كۆرۈپ:

— مەن بىرنەرسە كۆرۈپ قالدىم، ئەگەر سىز ئۇنى يېقىن ئارىدا نېرى تارتمىسىڭىز، ئۆزىڭىزگە زىيان بولارمىكىن. ئەگەر دەپ بەرگىن دېسىڭىزغۇ، قوشنىدارچىلىقنىڭ يۈزىدىن دەپ بېرەرمەن...، — دېيىشكە باشلاپتۇ. قوشنىسى ئۇنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي:

— زادى نېمە ئىش بولدى، دېسىڭىزچۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئەزمە:

— چاپىنىڭىزنىڭ پېشى كۆيۈۋاتقىلى نەۋاخ، — دەپتۇ.

قوشنىسى دەرھال ئوتنى ئۆچۈرۈۋاپتۇ ـ دە، ئاچچىقلىنىپ:

— قانداق ئادەمسىز، كۆرگەن هامان هايت دەپ قويسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەپتىكەن، ئەزمە قېتىغا كەلمىگەن هالەتتە جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن ئۆزۈمنى ئالدىراڭغۇ دېسەم، سىز مەندىنمۇ ئۆتە ئالدىراڭغۇ ئىكەنسىز جۇمۇ !

## مۇشۇ ئەقىللىقلەر ئاپارسۇن

بىر باي ئۆز خىزمەتكارىنى هەرقانچە بەجانىدىل ئىش قىلىپ بەرسىمۇ زادىلا ياراتمايدىكەن ۋە تىل ـ ئاهانەت قىلىدىكەن. بىر قېتىم خىزمەتكار باينى مېهماندارچىلىققا ئاپارماقچى بولۇپ هارۋا قوشۇۋاتسا، باي ئۆيىدىن چىقىپلا تىللاپ كېتىپتۇ:

— چاپسانراق مىدىرلىمامسەن، ئەقىلسىز ! ئىسمت سېنى ئىشلىتىپ يۈرگىنىمگە، سېنىڭدىنچۇ مۇشۇ ئاتلار ياخشى.

خىزمەتكار هارۋىغا چۈشكەن بايغا بىر قاراپ قويۇپ، قامچىنى بېرىقى ئاتنىڭ نوختىسىغا قىستۇرۇپتۇ ـ دە، چەتكە چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن باي يەنە تېرىكىپتۇ:

— نېمە مىسىلدايسەن؟ هەيدىمەمسەن هارۋىنى !

— يوقسۇ، بېگىم، — دەپتۇ شۇ گەپنىلا كۈتۈپ تۇرغان
هارۋىكەش، — ئەمدى سىزنى مۇشۇ ئەقىللىقلەر دېگەن يېرد-
ىڭىزگە ئاپىرىپ كەلسۇن.

## ئۇ چاغدا ئۆچۈرۈۋېتىمەن

پادىشاھنىڭ تارىخچىسى بىر دەپتەرگە ئەخمەقلەرنىڭ تىزىد-
مى ۋە قىلمىشىنى يېزىپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ئۇنىڭ-
دىن سوراپتۇ:

— ئەخمەقلەرنى تىزىملىغان دەپتىرىڭدە مېنىڭ ئىسمىم
يوقتۇ؟

— بار، تەقسىر، — دەپتۇ تارىخچى ئەدەپ بىلەن.

— قايسى قىلغان ئەخمەقلىقىمگە ئىسمىمنى يازىسەن؟ —
دەپتۇ پادىشاھ ئەجەبلىنىپ.

— بۇلتۇر پالانچى شەھەردىكى پالانى كاززاپ، — دەپ پادى-
شاھنىڭ يادىغا ساپتۇ تارىخچى، — بىر جۈپ ئېسىل ئارغىماق
ئەكېلىپ بېرىمەن دېسە، بىرنەچچە يۈز تىللانى قولىغا تۇتقۇ-
زۇپ قويدىلا. قېنى ئەكېلىپ بەرگىنى؟ بۇنىڭدىن ئارتۇق
ئەخمەقلىق بولامدۇ؟

پادىشاھ ھودۇقۇپ قاپتۇ ۋە:



— ئۇ كاززاپ ئارغىماقنى
يا تىللالارنى ئەكېلىپ بەر-
سىچۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن،
تارىخچى جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۇ ۋاقىتتا سىلىنىڭ
نامىشەرىپلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ،
ئۇنىڭ نامىنى يازىمەن.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

## بالدۇرراق بىلگەن بولسامچۇ

بىر كىشى ئازازۇل خوتۇنىدىن زېرىكىپ يۈرگىنىدە، ئايا-لى تۇيۇقسىز ئۆيىدىكى خىزمەتچى ئايالنى ماختاپ قاپتۇ:
— بىزنىڭ بۇ خىزمەتچىمىز قالتىس بەلەن ئايال - دە! تاماققا ئۇستا، ئارتۇق گېپى يوق، ئۈنى - بۈنى دەپ ئادەمنىڭ بېشىنىمۇ قايمۇقتۇرمايدۇ...
گەپنىڭ ئېپى كەلگىنىنى بايقىغان ئەر دەرھال ئايالىنىڭ گېپىنى بۆلۈپتۇ:
— ئىسىت، شۇ خوتۇننىڭ مىجەز - خۇلقىنى سېنى ئال-ماستىن بۇرۇن بىلگەن بولسامچۇ!

## سىلى بىلەن بەش بولىدۇ

چوڭ مەسچىتنىڭ يېڭى تەيىنلەنگەن خاتىپى بىر سورۇندا مەسچىتنىڭ ئۇزۇن يىللىق مەزىنىگە چاقچاق قىپتۇ:
— مەزىن ئاخۇن، مەزىن بولغاندىن بېرى قانچە خاتىپنى كۆمدىڭىز؟
مەزىن ھېچ ھېيىقماي جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:
— بۇ نۆۋەت سىلىنى كۆمسەم بەش بولىدۇ.

## ئىنسابىڭىزنىمۇ تارتىپ باقسىڭىز...

گۆشنى دائىم كەم تارتىدىغان بىر قاسساپ «گۆشۈڭ كەمكەن» دەپ ئەرز قىلغان بىر ئادەمگە:
— بىلەمسىز، مېنىڭ بۇ تارازامدەك لىللا تارازا بۇ شە-ھەردە يوق، — دەپ پوپوزا قىپتۇ.

— بەك ياخشى، — دەپتۇ گۆش ئالغۇچى، — ئەمسە مۇشۇ لىللا تارازىڭىزدا ئىنساپىڭىزنى بىر تارتىپ باقسىڭىز ئىكەن !

## تاماققا تەكلىپ

بىر كىشى ئۆيىگە مېھمان چاقىرىپتۇ. ئاش تارتىلغاندا چاقىرىلمىغان بىر مېھمان سالامسىز كىرىپ، تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇپ ھەممە لېگەنگە قول سېلىپ، تاماقنى قورۇتقىلى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەدەپسىزلىكىگە ئاچچىقى كەلگەن ساھىبخانا چاندۇرماي كۆپچىلىككە:

— قېنى، تاماق يېيىش مۇسابىقىسى باشلاندى، كۆپچىلىك تەك ئاتلىنايلى ! — دەپتۇ.

## نېمىشقا قىزىرىدۇ

بىر گەپچىدىن ئاغىنىسى سوراپتۇ:

— بۇرادەر، نېمە ئۈچۈن كۈن پاتاي دېگەندە قىزىرىپ كېتىدۇ؟

گەپچى جاۋاب بېرىپتۇ:

— شۇنىمۇ بىلەلمىدىڭىزمۇ؟ پاتالماي قىزىرىدۇ - دە !

## گۇناھدىنمۇ قەبىھ ئۆزرە

پادىشاھ ئايالى بىلەن باغقا كۆڭۈل ئاچقىلى كىرىپ كېتىۋېتىپ، ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇپ كېتىۋاتقان قىزىقچىسىغا بۇيرۇپتۇ:

— ھازىرنىڭ ئۆزىدە بىر ئەدەپسىزلىك قىل، بۇنىڭغا سورىغان ئۆزرەڭ گۇناھىڭدىنمۇ قەبىھرەك بولسۇن.

قىزىقچى ئويلىنىپ تۇرمايلا، پادىشاھنىڭ چۇمبەل يېپىپ كېتىۋاتقان ئايالىنىڭ يانپېشىدىن قاتتىق چىمدىۋاپتۇ. ئايالىنىڭ ۋاي ـ ۋايىغا چىدىمىغان پادىشاھ ئۆكۈپ، قىزىقچىغا ئالايغانىكەن، قىزىقچى دەررۇ ئۆزرە ئېيتىپتۇ:

— خاپا بولمىسىلا، خېنىم، ئۆكمىسىلە، پادىشاھىم، مەن خېنىمنى تېخى پادىشاھىم چېغى، دەپ چىمداپتىمەن.

## خەسىسنىڭ باھانىسى

ئۇچىغا چىققان بىر خەسىسنىڭ ئىككى ئېتى بولۇپ، بىر قېتىم يان قوشنىسى ئۇنىڭكىگە كىرىپتۇ ـ دە:

— قوشنا، سەھراغا چىقىپ كېلىدىغان زۆرۈر ئىشىم چىقىپ قالغانىدى، ئېتىڭىزنىڭ بىرىنى بېرىپ تۇرالماسسىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تولا ياخشى، — دەپتۇ خەسىس، — قايسى ئېتىمنى مىنگۈڭىز بار؟

— تورۇق ئېتىڭىزنى بېرىپ تۇرسىڭىزغۇ خويمۇ ئوبدان بولاتتى، — دەپتۇ قوشنىسى خۇشال بولۇپ.

— ئاپلا، — دەپتۇ خەسىس، — بۈگۈن تۈگمەنگە ئۆگۈت ئاپىراتتىم ـ دە، ئۆزۈم ئاشۇ تورۇقنى مىنىپ ئۆگەنگەنىدىم.

— ئەمىسە بوز ئاتنى بولسىمۇ بېرىڭ، — دەپتىكەن، خەسىس بۇنىڭغىمۇ باھانە تېپىپتۇ:

— بوز ئاتقا مىنىپ ئوغلۇم شۇ ئۇنىڭ كېيىنكىنى ئەكەلمىسە بولمايدۇ ـ دە، ئۇ ئاشۇ بوز ئاتقا ئۆگەنگەن ئەمەسمۇ.

## ئېشەكچىلىك ئەقىللىرىدىن ئايلىناي

پادىشاھ يۈرت ئارىلاپ يۈرۈپ، بىر جۇۋازخانىغا كىرىپ قاپتۇ. قارىسا جۇۋازچى جۇۋازغا قېتىلغان ئېشىكىنىڭ بويىنىغا قوڭغۇراق ئېسىپ قويۇپتۇ.

— نېمىشقا ئېشەكنىڭ بوينىغا ئېغىر - ئارتۇق قىلىپ قوڭغۇراق ئېسىپ قويدۇڭ؟ — دەپ قىزىقىپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— گاھىدا مەن ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىمدا، — دەپتۇ جۇۋازچى چۈشەندۈرۈپ، — ئېشەك جۇۋاز تارتىشتىن ئېرىنىپ توختىۋالسا، قوڭغۇراق ئاۋازىمۇ توختاپ قالىدۇ - دە، مەن ئويغىنىپ ئۇنى ھەيدەيمەن.

— ئەگەر ئېشەك ئورنىدا قىمىرلىماي تۇرۇپ بېشىنى مىدىرلىتىۋەرسە، سەن خاتىرجەم ئۇخلاۋېرىسەنغۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

جۇۋازچى كۈلۈپ كېتىپ دەپتۇ:

— ۋاي پادىشاھىئالەم، ئېشەكچىلىك ئەقىللىرىدىن ئايلىناي!

## پۇل ۋە ئابرۇي

ئىككى سودىگەر زىياپەت ئۈستىدە بىر - بىرى بىلەن قىزىرىشىپ قاپتۇ.

— ئادەم بولامسىز؟ — دەپتۇ بىرى ئىككىنچىسىگە، — دائىم پۇل، پۇللا دەيسىز، مانا بىزچۇ، جان چىقسىمۇ ئابرۇي ئىزدەيمىز، پۇل دېمەيمىز.

— بەك توغرا سۆزلىدىڭىز، — دەپتۇ ئىككىنچىسى، — ئادەم ھامانەم ئۆزىدە يوق نەرسىنى تېپىشنىڭ كويىدا بولىدۇ ئەمەسمۇ!

# ئاتا - بالىنىڭ دەردى

بىر كىشى قوشنىسىغا نەسىھەت قىپتۇ:
— بۇرادەر، سىز بىلەن بىز ياشىنىپ قالدۇق، ھاراق ئىچىشنى تاشلاڭ.
— ھەي ئاغىنە، دەردىم بار، شۇڭا ئىچىمەن، — دەپتۇ قوشنىسى.
— نېمە دەردىڭىز بار؟
— ئوغلۇم يۈزۈمنى قىلماي ھاراق ئىچىپ يۈرىدۇ، مەن شۇنىڭ ئاچچىقىدا ئىچىمەن.
ھېلىقى كىشى قوشنىسىنىڭ ئوغلىغا نەسىھەت قىپتۇ:
— بالام، سەن نېمىشقا كىچىك تۇرۇپلا ھاراققا بېرىلىپ كەتتىڭ؟ بۇ ناچار قىلىقنى تاشلا.
— دەردىم بار، شۇڭا ئىچىمەن، — دەپتۇ ئوغۇل.
— نېمە دەردىڭ بار؟
— دادامنىڭ ساقىلىغا ئاق كىردى، ھازىرغىچە ھاراقتىن ئۆزىنى تارتمايدۇ، مەن شۇ دەردتە ئىچىمەن.

# لەشكەر بېشىنىڭ سېپە مېڭىشى

بىر لەشكەر بېشى لەشكەرلىرى بىلەن يۈرۈشكە چىققاندا دائىم سەپنىڭ ئاخىرىدا ماڭىدىكەن. ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى مەسخىرە قىلىپ:
— قاراڭلار، بۇ لەشكەر بېشى ئەمەس، پادىچىكەن، خۇددى پادىچىدەك لەشكەرلىرىنىڭ كەينىدىن ماڭىدىكەن، — دېيىشىپتۇ. لەشكەر بېشى بۇنى ئاڭلاپ سەپنىڭ ئوتتۇرىدا ماڭىدىغان بوپتۇ. دۈشمەنلىرى بۇنىمۇ مەسخىرە قىپتۇ:

— لەشكەر بېشى ئەمەس، قورقۇنچاق ئىكەن، قاراڭلار لەشـ-
كەرلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغىنىنى، — دەپتۇ.

لەشكەر بېشى سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپتۇ. ھىيلىگەرلەر بۇنـ-
مۇ مەسخىرە قىپتۇ:

— كۆردۈڭلارمۇ بۇ ماختانچاقنى! ئالغان شەھىرىنىڭ تايىـ-
نى يوق، گىدىيىپ ھەممىنىڭ ئالدىغا چىقىۋاپتۇ.

لەشكەر بېشى دۈشمەنلىرىنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىۋەرسە،
ماڭىدىغان يولنى بىلەلمەي قالىدىغانلىقىنى سېزىپتۇ ـ دە، شۇ-
نىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ خالىغىنىچە ماڭىدىغان بوپتۇ.

## تۆگە كەتسە، يەنە نېمىنى تاپشۇرسەن



بىر ئادەمنىڭ ھەميان تېپىۋېلىپ تاپشۇرمىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان مىرشەپ ئۇ كىشىنى چاقىرىپ سوراپتۇ:

— تېپىۋالغان ھەمياندىكى پۇلنى نېـ-
مىشقا تاپقان كۈنىلا تاپشۇرمايسەن؟

— ئۇ كۈنى ئىـ-
شىم بەك ئالدىراش ئىدـ-
دى، — دەپتۇ پۇل تېـ-
پىۋالغۇچى كىشى، —
پۇلنى تاپشۇرۇشقا ئۇلـ-



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com